جىلىن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جىلىن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ پىكىر يولى يېڭى، سالمىقى زور، ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شىنجاڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاقىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جىلىننىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

جىڭ جۈنخەي جىلىن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جاپالىق شارائىتتا چېگرا رايونىنى قوغداپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، قوشقان تۆھپىسىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. جىلىن ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاقىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇردى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەت ئىناق، مۇقىم بولغان ھالەت كىشىنى زوقلاندۇردى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرى كىشىنى قايىل قىلدۇ، ئىزدەنگەن ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللار كىشىنى ئىلھاملاندۇردى، بۇلار جىلىننىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى، ھەر تەرەپلىمە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىدى، پىكىر يولىنى ئاچتى.

جىڭ جۈنخەي مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جىلىنغا تاپشۇرغان مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. بىز چوقۇم يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى يەردە قويماي، زور ئۈمىدنى يەردە قويماي، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنداپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى قوللاپ، مۇقىملىقنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك سىلىنما مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ كەسىپلەر تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ياردەم بېرىپ، خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىنى پۇختا، ياخشى قىلىپ، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قوللاشنى قەتئىي تەۋرەنمەي يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن جىلىننىڭ كۈچىنى قوشىمىز. جىلىن بىلەن شىنجاڭ رايون ھەمكارلىقىنى يۆنىلىش، ئىقتىساد ـ سودا ئالماشتۇرۇشىنى كۆۋرۈك، ماس تەرەققىياتنى نىشان قىلىپ، بايلىقلارنى قېزىپ، ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تۇتۇپ، بازارنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو قار ـ مۇز كەسپىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ، جىلىن ـ شىنجاڭ ساياھەت چوڭ ئايلانما لىنىيەسىنى بەرپا قىلسا؛ شەرق بىلەن غەربنى باغلاپ، موڭغۇلىيە بىلەن رۇسىيەگە يۈزلىنىپ، ياۋروپا بىلەن ئاسىيادىن ھالقىپ، ئۆزئارا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئوچۇق ھەمكارلىق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرسە؛ تېخنىكىنى تۇتۇپ، نەتىجىنى ئايلاندۇرۇپ، سۇپا قۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بىرىكمە كۈچىنى ئورتاق زورايتسا بولىدۇ.

سۆھبەت يىغىنىدا شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتاي شەھىرى، جېمنەي ناھىيەسى، قابا ناھىيەسى، بۇرچىن ناھىيەسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى تەكشۈردى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئالتاي ۋىلايىتى (جېجى)سوغۇق رايونى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىغا ۋۇۋسكا بەردى، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، جى جېلىڭ، ۋاڭ يۇمىڭ، ما شيۇڭچېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

«ئۈچ خىل كۈچ»كە قەتئىي زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايمەن

☐ **قاراقاش ناھىيەلىك مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇخېلىل زۇلقادىر**

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە چەكسىز غەمخورلۇق قىلىپ، نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بىز شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشى بولمىسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكى بولمايتتى؛ بىزنىڭ بۈگۈنكى ياخشى كۈنلىرىمىز پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ خالىس ياردىمىدىن كەلگەن. بىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىزدىن كۈتكەن سەممىي ئۈمىدىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغداپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت گىرەلەشكەن، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، شەرق ـ غەرب مەدەنىيلىكىنىڭ ئالمىشىشىدىكى مۇھىم يول بولۇپ كەلگەن. ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە، مىللەتلەر ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئارىلىشىپ، بىللە ياشاپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ، بىللە كۆكلەپ ئېچىپ، ئېجىل ـ ئىناق ئۆتتى، بىر يادىن باش چىقاردى، ئىناق تەرەققىي قىلدى.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزالىرى. مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تارىخ شۇنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، پەقەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشسا، ئاندىن ئورتاق گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش، يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

«ئۈچ خىل كۈچ» ھەممىمىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئۇلار سادىر قىلغان بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. بىز پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، مەردانە ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ»كە جەڭ ئېلان قىلىپ، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

مەن مەيدانىم مۇستەھكەم، بايرىقىم روشەن ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، بىزنىڭ تەستە قولغا كەلگەن گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى ياخشى قوغداپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىمەن.

ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيەلىنىشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە، مەبلەغ ياردىمىنىڭ تولۇق قاپلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ساپ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.9كە يەتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.3كە يەتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىغا ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %97.3كە يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىز مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتتى. 2018 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 4 مىليارد 870 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، «نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش» ۋە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»نىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا 3 مىليارد 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى.

ئاپتونوم رايون يەنە تۈرلۈك مائارىپقا ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت يېتەكچى، مەكتەپ، جەمئىيەت تولۇقلىما قىلىنغان «ئۈچ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن» ياردەم بېرىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى، 2018 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر تۈردىكى ئوقۇغۇچىلارغا 4 مىليارد 400 مىليون يۈەن ياردەم مەبلەغ ئاجراتتى، مەنپەئەتلەنگەن ئوقۇغۇچى 3 مىليون 60 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ياخشىلاش پىلانىنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ ئاشخانىسىدا تاماق بىلەن تەمىنلەش، كارخانىلار ئوزۇقلۇق يېمەكلىكلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت تاماق بىلەن تەمىنلەش ئىككى خىل ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئوزۇقلۇق ئەتىگەنلىك (چۈشلۈك) تاماق، دەرس ئارىلىقىدىكى تاماق، تاماق ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئوزۇقلۇق تاماق بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 1 مىليون 310 مىڭ ئوقۇغۇچىنى نەپكە ئېرىشتۈردى.

مائارىپ قوشۇنى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئاپتونوم رايون تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەكلىپ قىلىش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىپ تەكلىپ قىلدى، 2018 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 58 مىڭ 800 ئوقۇتقۇچىنى تولۇقلىدى، مائارىپقا ياردەم بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىدىن 26 مىڭنى تاللاپ ئەۋەتتى. 2 مىليارد يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ھەل قىلىشقا مەخسۇس ئىشلەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئوقۇتقۇچىسىغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك كاپالەتلەندۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇش يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامراتلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالماسلىقىغا، ئوقۇشتىن چېكىنمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەسپىي مائارىپنىڭ نامراتلارنى يۆلەشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنىڭ غەلىبىلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى لىيۇ يۈگۇاڭ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ جابدۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى سىجىل ئېشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات سۈپىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتى ئومۇمىي جەھەتتىن تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن پۈتۈن جەريانلىق، ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تەڭ مەۋجۇت بولۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 2018 ـ يىلى، شىنجاڭدا 694 مىڭ تىراكتور، 1 مىليون 299 مىڭ (يۈرۈش) يۈرۈشلۈك دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيەسى %84.6كە يەتتى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيەسى %68كە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش ئىنژېنېر پېي شىنمىن مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانلىق ماشىنىلىشىشنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

«بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، پۇرچاق تۈردىكىلەر، بېدە قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىنى چۆرىدەپ، نۇقتىلىق ھالدا پاختا يىغىش، كۆممىقوناق يىغىش، خاس دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يىغىش ھەم ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش، دەسلەپكى پىششىقلاش قاتارلىق ھالقىلارنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى تېرىش، يىغىش ھالقىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ئۇزارتىلىدۇ.» پېي شىنمىن مۇنداق دېدى: بىز شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى پائال كېڭەيتىپ، خاس ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە باغ ـ ئورمانچىلىق، چارۋا باقمىچىلىقى، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى دەسلەپكى پىششىقلاش قاتارلىق ماشىنىلىشىشتىكى ئاجىز ھالقىلارنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ كۈچەيتىپ، ھەممىباپلىقى كۈچلۈك ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا ماشىنا ئىشلىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز.

سېھرىلىك دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى . گۈزەل شىنجاڭ

قەدىمىي ۋە بۈگۈنكى يىپەك يولىدىن ھالقىپ، ئەڭ گۈزەل شىنجاڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىش

—— بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى فۇ چاۋيېگنى زىيارەت

☐ **مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ**

بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ئېچىلىش پەيتىدە، مۇخبىر بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى فۇ چاۋيېگنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى.

فۇ چاۋيېگنى كۆرگەندە، ئۇ ئىشچىلار بىلەن بىللە باغچە رايونىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئىكەن. فۇ چاۋيېك يەرلىك شىنجاڭلىق، باغ ـ ئورمان لايىھەلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان، شىنجاڭ شىيۈەن يېشىل مەنزىرە، باغ ـ ئورمان قۇرۇلۇشى لايىھەلەش چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى، 2014 ـ يىلى چىڭداۋ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە باش لايىھەلىگۈچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان ھەم تەشكىلىي كومىتېتنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ يىل يەنە بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى بولغان.

فۇ چاۋيېك كۆرگەزمە باغچىسىدا مۇخبىرغا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2017 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، بۇ يەر تېخى بىر پارچە ئاق يەر ئىدى، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا لايىھەلەشنى باشلاپ، جەمئىي ئۈچ يۈرۈش لايىھە تۈزدۇق، قايتا ـ قايتا دەڭسەلەش ئارقىلىق ئاندىن لايىھە خەرىتىسىنى بېكىتتۇق ھەم 2018 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇشنى باشلىدۇق. بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسى ئاساسلىقى «بىر بەلباغ، بىر يول» باش تېما ئىدىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ خاسلىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان زامانىۋى قىياپىتىنى نامايان قىلدى؛ تەبىئىي ئېكولوگىيەدە مىللىي مەدەنىيەتنى نامايان قىلىشقا كۆچەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى گەۋدىلىك كۆرگەزمە قىلىپ، قەدىمىي يىپەك يولىدىن بۈگۈنكى «بىر بەلباغ، بىر يول»غىچە بولغان شىنجاڭ ھېكايىسى، جۇڭگو ھېكايىسىنى بايان قىلدى.

قانداق قىلىپ مەنزىرە لايىھەلەش ئارقىلىق «بىر بەلباغ، بىر يول» باش تېمىسىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ؟ فۇ چاۋيېك ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن باش قاتۇردى، ئاخىر بەلگە خاراكتېرلىك ئىمارەتلەر ئارقىلىق مەنزىرە تەپسىلاتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئېلېمېنتلىرىنى نامايان قىلىشنى قارار قىلدى. تۈر ۋە ئۆتەڭ قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئىمارەت بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىغان. شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىدا بۇ ئىككى خىل ئىمارەت ئەسلىي قىياپىتى بويىچە لايىھەلىنىپ، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ بۈيۈكلۈكى نامايان قىلىندى. فۇ چاۋيېك لايىھەلەشتە تەپسىلاتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مۇخبىر ئۆتەڭ ئىمارىتىنىڭ قىياپىتىدە شىنجاڭنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە بېزەكچىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى، بۇنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەرنى ئاتايىن تەكلىپ قىلىپ قولدا ياستىپتۇ.

فۇ چاۋيېك مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھويلىسىدا ئادەتتە ياغاچتا ياسالغان ئۈزۈم باراڭلىرى بولىدۇ، ئۈزۈم بارىڭىغا يەرلىك خاسلىققا ئىگە بەزى نەقىشلەر ئويۇلىدۇ، مەن بۇ ئېلېمېنتلارنى كۆرگەزمە باغچىسى لايىھەسىدە نامايان قىلدىم.

بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، قەشقەر ئانارى، خوتەن ياڭىقى، ئاقسۇ ئالمىسى قاتارلىق تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن مېۋىلىك دەرەخلەر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان خاس باغۋەنچىلىككە ۋەكىللىك قىلغان.

«2019 ـ يىللىق بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ سەھنىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىنىڭ ئۆزگىچە لايىھەسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ سېھرىي كۆركىنى نامايان قىلىپ، دۇنياغا شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ مېھمان بولۇشقا جەلپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى فۇ چاۋيېك.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى شىنجاڭ زال سىرتى كۆرگەزمە باغچىسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن دېھقان دەستىگاھتا رەخت توقۇشنى كۆرسىتىپ، ساياھەتچىلەرنى قەدەمنى توختىتىپ كۆرۈشكە جەلپ قىلدى.

☐ مۇخبىرىمىز **سۈك جۈن** فوتوسى